
## قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان تۆنجى ھايۋان_ پاشا



قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۆزگىچىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنىڭ تىلغا ئېلىنىشىدۇر. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلارنىڭ تۈرى 30 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، بۇ ھايۋانلارنىڭ ھەر بىرى قۇرئاندا يا بىر ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈش، يا بىر قىسسىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىش، ياكى ئاللاھنىڭ يارىتىش قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە پىل ۋە كىتكە ئوخشاش قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ گىگانىتلىرىمۇ، تۆگە، ئات، كالا ۋە قويغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىرىمۇ بار. ئەمما سىز بۇ تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلارنىڭ تۇنجىسىنىڭ پاشا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ 26-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسۡتَحۡيِۦٓ أَن يَضۡرِبَ مَثَلٗا مَّا بَعُوضَةٗ فَمَا فَوۡقَهَاۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلٗاۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرٗا وَيَهۡدِي بِهِۦ كَثِيرٗاۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقِينَ ٢٦




شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ؛ بۇ مىسال بىلەن پەقەت پاسىقلارنى ئازدۇرىدۇ.



ئۇنداقتا پاشا ھەقىقەتەن دىن دۇشمەنلىرى قىياس قىلغاندەك تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەرزىمەس بىر ھايۋانمۇ؟

**پاشا ھەققىدىكى ھەيران قالارلىق ئىلمىي پاكىتلار**

پاشا ئادەتتە جۇغى كىچىك، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەك تارتىپ كەتمەيدىغان بىر جانلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى ۋە ئىقتىدارى ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، پاشىنىڭ بېشىدا يۈزلىگەن كىچىك لىنزىلاردىن تەركىب تاپقان ئىككى چوڭ بىرىكمە كۆز بولۇپ، ئۇلار ھەرىكەتنى ئىنتايىن تېز سېزەلەيدىكەن. پاشىلارنىڭ ئىنسانلار نەپەسلەندە چىقارغان كاربون تۆت ئوكسىد گازىنى سېزىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدىكەن. ئۇلار 30 مېتىر نېرىدىكى ئادەمنىڭ نەپەس چىقىرىشىدىنلا ئۇنىڭ ئورنىنى بىلەلەيدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار بەدەن تېمپېراتۇرىسى، تەر تەركىبىدىكى سۈت كىسلاتاسى ۋە بەزى ئالاھىدە بەدەن پۇراقلىرىغا ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدىكەن.




پاشىنىڭ تۇمشۇقى ئاددىي بىر يىڭنە ئەمەس، بەلكى ئالتە دانە ئىنچىكە يىڭنىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ بىر سىستېما ئىكەن. ئۇ قان شورىغاندا، ئىككى يىڭنە تېرىنى تىلىدىكەن، يەنە ئىككىسى تېرىنى ئىككى تەرەپكە ئېچىپ تۇرىدىكەن. بەشىنچى يىڭنە تومۇرنى ئىزدەيدىكەن ۋە شۆلگەي چېچىش ئارقىلىق قاننىڭ قېتىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن، ئالتىنچى يىڭنە بولسا قاننى شوراپ چىقىدىكەن. پاشا يەنە ھەر قانداق ئادەمنىڭ قېنىنى شۇمۇرۇۋەرمەيدىكەن. ئۇ ئاۋۋال ئادەمنىڭ قېنى ھەققىدە خېمىيىۋي ئانالىز ئېلىپ بېرىپ، قان تىپى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان قۇۋۋەتلىك قاننى تاللايدىكەن.

يەنە بىر قىزىقارلىق پاكىت شۇكى ئەركەك پاشىلار قەتئىي ئادەم چاقمايدىكەن، ئۇلار ئاساسلىقى ئۆسۈملۈك شەربەتلىرى ۋە گۈل شىرنىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. چىشى پاشىلار بولسا تۇخۇم چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاقسىل ۋە تۆمۈر ماددىسىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قان شوراشقا مەجبۇر بولىدىكەن.





پاشا ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئۈستىدە ياشايدىغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان تېخىمۇ كىچىك **پارازىت قۇرتلار** بار ئىكەن. بۇ يۇقارقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «...پاشا ياكى ئۇنىڭمۇ ئۈستىدىكى (كىچىك بىرەر نەرسىنى...»** دېگەنگە دەل ماس كېلىدۇ. بىزنىڭ دىققىتىمىزنىڭ چېكىدىدىغان ئەڭ يارقىن نوقتا بولسا، پاشىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بىرىنچى نۇمۇرلۇق قاتىل هايۋان بولۇشىدۇر. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە باشقا ئىلمي ئورگانلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىلدا پاشا سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىنسانلارنىڭ سانى تەخمىنەن 750 مىڭدىن بىر مىليۇنغىچە ئارلىقىدا ئىكەن. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىز بەك چوڭ ۋە يىرتقۇچ هېساپلايدىغان شىر، تىمساھ، ئاكولا ۋە پىل قاتارلىق هايۋانلار سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئىنسانلارنى يوقنىڭ ئورنىدا دېيىشكە بولىدىكەن..

## جۇغى چەكسىز كىچىك، كۈچى چەكسىز چوڭ مىكرو دۇنيا


مىكرو دۇنيا —— ئادەتتە ئىنسان ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرەلمەيدىغان، پەقەت مىكروسكوپ ياكى ئالاهىدە فىزىكىلىق ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىقلا بايقالغىلى بولىدىغان ئىنتايىن كىچىك زەررىچىلەر ۋە قۇرۇلمىلار دۇنياسىدۇر. مېكرو دۇنيا هۈجەيرە، باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلاردەك بىئولوگىيەلىك جىسىملاردىن تارتىپ، ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكلىرى بولغان ئاتوم، ئېلېكترون ۋە پروتونلارغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىرلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، كائىناتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر سىرلىرى ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچلىرى بىز كۆرەلەيدىغان چوڭ جىسىملاردا ئەمەس، بەلكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، جۇغى چەكسىز كىچىك بولغان مىكرو دۇنيانىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان.

ئاتوم مېكرو دۇنيانىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاتومنىڭ دىئامېترى ئادەتتە چېچىمىزنىڭ قېلىنقىنىڭ بىر مىليۇندىن بىرىچىلىكلا كېلىدۇ. شۇنچىلىك كىچىك بولۇشىغا قارىماي، هەر بىر ئاتوم ئۆز نۆۋىتىدە بىر كىچىك «قۇياش سىستېمىسى»غا ئوخشايدۇ. ئاتوم يادروسى ئاتومنىڭ ئومۇمي هەجمىنىڭ 10 مىڭدىن بىرى هەتتا 100 مىڭدىن بىرىچىلىك بىر قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ئاتومنىڭ پۈتكۈل ماسسىسى ۋە كۈچى دېگۈدەك مۇشۇشۇ يادروغا مەركەزلەشكەن. بۇ يەردە بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى «هەجىم قانچە چوڭ بولسا، كۈچ شۇنچە كۆپ بولىدۇ» دەيدىغان لوگىكىنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولغانلىقىنى كۆرىمىز.




ئاتوم يادروسىنى بىر تۇتاش تۇتۇپ تۇرىدىغان «كۈچلۈك ئۆزئارا تەسىر كۈچى» كائىناتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچلەردىن بىرى هېسابلىنىدۇ. قۇياشنىڭ مىلياردلىغان يىللاردىن بېرى توختىماي ئىسسىقلىق ۋە نۇر تارقىتالىشى ئەمەلىيەتتە مىكرو دۇنيادىكى هىدروگېن ئاتوملىرىنىڭ توختىماستىن بىرىكىپ زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىۋاتقانلىقىدىندۇر. ئاتوم بومبىسى —— جۇغى چەكسىز كىچىك بولغان ئاتوم يادروسى ئىچىگە قانچىلىك زور ۋە دەهشەتلىك بىر كۈچ يوشۇرۇنغانلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىسپاتىدۇر. بىر تال ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىشىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئېنېرگىيە گەرچە بىر دانە زەررىچە ئۈچۈن ئىنتايىن ئازدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما سېكۇنتنىڭ مىڭدىن بىرىدە يۈز بېرىدىغان زەنجىرسىمان رېئاكسىيە ئارقىلىق تىرلىيونلىغان يادرولارنىڭ تەڭلا پارتلىشى، مىكرو دۇنيادىكى «كىچىكلىك»نى بىر دەمدىلا پۈتۈن بىر شەهەرنى كۈلگە ئايلاندۇرالايدىغان بۈيۈك بىر قۇدرەتكە ئايلاندۇرۇلايدۇ. بۇ جەريان بىزگە ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك زەررىچىسى ئىچىدىكى يادرو كۈچىنىڭ، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل كائىناتنى هەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋە ۋەيران قىلالايدىغان هەل قىلغۇچ ماتور ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

قۇدرىتى چەكسىز مىكرو دۇنيانىڭ جانلىقلار بەدىنىدىكى ئەڭ تىپىك مىسالى DNAمولېكۇلاسىدۇر. بىر تال ھۇجەيرىنىڭ يادروسىغا يوشۇرۇنغان، پەقەت نانومېتىر دەرىجىسىدىكى ئەگرى-بۈگرە بىر زەنجىر بىر جانلىقنىڭ بارلىق ئاناتومىيەلىك تۈزۈلۈشى ۋە فىزىولوگىيەلىك ئىقتىدارلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بىز ئۇزۇن ئەسىرلەر بويى كۆرەلمىگەن بۇ چەكسىز كىچىك ئۇچۇر تورى، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئىنساننىڭ كۆز رەڭگىدىن تارتىپ، تەقدىرىگىچە بولغان بارلىق سىرلارنى ئۆزىگە كودلىغانلىقى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇرماقتا. DNA ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزگە شۇنى تونۇتۇپ بېرىدۇكى، مىكرو دۇنيادىكى ئىنتايىن كىچىك بولغان بىر دانە «ئۇچۇر خاتالىقى» ماكرو دۇنيادا بىر-بىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان دەرىجىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا قادىردۇر.




بىئولوگىيەلىك مىكرو دۇنيانىڭ يەنە بىر «قۇدرەتلىك» ۋەكىلى ۋىرۇسلاردۇر. ۋىرۇسلار دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك «جانلىق» قۇرۇلمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپىنچە ۋىرۇسلارنىڭ چوڭلۇقى 20 نانومېتىردىن 300 نانومېتىرگىچە بولىدۇ. بىزنىڭ كۆرۈش دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلماي كەلدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ كۈچى پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىشقا يېتىدۇ. ئىنساننىڭ ھۈجەيرىلىرىدىن نەچچە ئون مىڭ ھەسسە كىچىك بولغان بۇ ئۇششاق زەررىچىلەر مىليونلىغان كىشىنىڭ ساغلاملىقىغا تەھدىت سېلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى توختىتىپ قويالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە. بۇ مىساللار بىزگە «كىچىكلىك»نىڭ بىر خىل نىقاب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا كائىناتنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ۋە تەسىر كۈچى ئەڭ يۇقىرى مېخانىزمى ياتقانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.





مىكرو دۇنيانىڭ يەنە بىر ئەڭ يارقىن ئۆرنەكلىرىدىن بىرى بولسا مىكرو ئۆزەكلەردۇر. مىكروئۆزەكلەنىڭ كىچىكلىكى نانومېتىر بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر تال ئادەم چېچىنىڭ نەچچە ئونمىڭدىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان دەرىجىدە كىچىك بولغان، ئەمما ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر قۇرۇلمىدۇر. تىرناقچىلىك كېلىدىغان بىر پارچە سىلىتسىي تاختىسىنىڭ ئىچىگە نەچچە ئون مىليارد دانە ترانزىستور ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كىچىك جۈغى بىلەن دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىپ چىقماقتا. پەن-تېخنىكا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنى سۈنئىي ئەقىل ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئالاقە تورى ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن بۇ كىچىك ئۆزەكلەر، نۆۋەتتە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، نېفتنىڭ ئورنىنى ئالغان «ئەڭ تالىشىدىغان بايلىق» سۈپىتىدە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىنى كونترول قىلماقتا. خەلقئارا سىياسەتتىكى «ئۆزەك ئۇرۇشى» مىكرو دۇنيانىڭ ھاكىمىيىتىنى تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ جەرياندا كىم مىكرو قاتلامدىكى بۇ چەكسىز كىچىك بوشلۇقنى ئەڭ ئىلغار ئۇسۇلدا باشقۇرالايدىغان تېخنىكىغا ئىگە بولسا، شۇ دۆلەت ماكرو دۇنيانىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى، ھەربىي قۇۋۋىتىنى ۋە ئىقتىسادىي يۈزلىنىشىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشمەكتە.

**كۆزگە ئېلىنغان چوماق قاڭشارنى يارار**

بىز ھەممىسى ھاياتنىڭ مەنىسىنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كاتتا زەپەرلەر، ھەل قىلغۇچ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ياكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر ئېچىدىن ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن. لېكىن ئەسلىدە تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پۇختا ئۇلى كىچىك دەپ قارالغان ئاشۇ ئىنچىكە نۇقتىلارغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق بۈيۈك ئىمارەتنىڭ بىر دانە خىشتىن باشلانغىنىغا، ھەر قانداق بۈيۈك سەپەرنىڭ بىر قەدەمدىن تارتىلغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ ھەر بىر كۈنىمىز، ھەر بىر دەقىقىمىزنۇسرەت زەنجىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقىدۇر. بىر تال چۈپنىڭ كۆكىرىشىدىن باھارنىڭ كەلگىنىنى، بىر تامچە سۇدىن قۇياشنىڭ نۇرىنى ۋە ھاياتنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولغاندەك، بىزنىڭ كىچىك ئىشلارغا بولغان ئېتىبارىمىزمۇ روھىي دۇنيارىمىزنىڭ كەڭلىكىنى ۋە كەلگۈسىگە بولغان تەييارلىق دەرىجىمىزنى بەلگىلەيدۇ. كىچىك ئىشلارنى مەنىستىمەسلىك ئەسلىدە ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنىڭ تۆۋەنلىكىنى ۋە چۈشەنچىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئەگەر كىچىك پۇرسەتلەرنى قەدىرلىيەلمىسەك، چوڭ پۇرسەتلەر كەلگەندە ئۇنى باشقۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇڭا، ھاياتنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە نۇقتىسىنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش ۋە ئۇنى گۈزەللىككە ئايلاندۇرۇش بىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك بۇرچىمىز بولۇشى كېرەك. بىز كىچىك ئىشلارنى چىن كۆڭلىمىز بىلەن قىلغىنىمىزدا، بۈيۈك غايىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن ئالايلۇق، بىز كۆپىنچە پىلانىمىزنى ھەددىدىن زىيادە چوڭ، ئېنىقسىز، ئالدىراپ ئەمەلگە ئاشمايدىغان شەكىلدە قېيىن قىلىپ تۈزۈۋالىمىزدە، ئۇنى باشلاشقا جۈرئەت قىلالمايمىز. بەزىدە تۈزگىنىمىز پىلانمۇ ياكى خام خىيالمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، پىلاننى كىچىك، باشقۇرغىلى بولىدىغان كىچىك باسقۇچلارغا بۆلۈپ تۈزسەك، زېھنىمىزدىكى بېسىملار يېنىكلەپ، پىلانلار راھەت ئورۇندىلىپ ماڭىدۇ. مانا بۇ مەشھۇر «پىلنى پارچىلاپ يېيىش» ئۇسۇلىدۇر. «پىلنى قانداق يېگىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى ئاددىي: «ھەر قېتىمدا بىر چىشلەمدىن». تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق چوڭ ئىشنى كىچىك بۆلەكلەرگە پارچىلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ھەيۋىسى يوقايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز 500 بەتلىك بىر كىتاب يازماقچى بولسىڭىز، نىشانىنى «كىتاب يېزىش» ئەمەس، بەلكى «بۈگۈن بىر بەت يېزىش» دەپ بېكىتسىڭىز، ئىش ئاسانلىشىدۇ. بۇ يەردىكى سېھىر شۇكى، كىچىك باسقۇچلار زېھنىمىزنى «بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىشەنچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەر بىر كىچىك بۆلەكنى تاماملىغاندا، مېڭىمىز دوپامىن ئاجرىتىپ چىقىرىپ، بىزگە ئۇتۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇ تۇيغۇ بىزنى كېيىنكى پارچىنى «چىشلەش»كە ئىلھاملاندۇرىدۇ.




پىلاننى كىچىك باسقۇچلارغا بۆلۈش جەريانىدا ۋاقىتنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈيۈك بىر تۈرنى ئايلىق، ھەپتىلىك، ھەتتا كۈندىلىك «نانو پىلان»غا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئەگەر سىز كۈنىگە پەقەت 15 مىنۇتلا بىر ئىشقا ۋاقىت چىقارسىڭىز، بۇ بىر يىلدىن كېيىن غايەت زور بىر جۇغلانمىغا ئايلىنىدۇ. قىسقىغىنە ۋاقىتقۇ دەپ سەل قارالغان مىنۇتلارنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتكەن چېغىمىزدا، بىز پىلاننىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى خوجايىنىغا ئايلىنىمىز. بۇ خىل ئۇسۇل بىزنى زېھنىي چارچاشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ زېھنىمىز پۈتۈن بىر يىللىق تۈرنى ئەمەس، پەقەت شۇ كۈننىڭ ئېچىدە ئازراقلا تىرىشچانلىق كۆرسەتسە قىلغۇەتكىلى بولىدىغان ۋەزىپىنىلا ئويلايدۇ.

بولۇپمۇ بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن بىسمىللاھ بىلەن قىلىنغان ھېچقانداق ئىش كىچىك سانالماسلىقى كېرەك. ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىغان ھەر قانداق بىر قەدەمدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىگە يۆلىنىدۇ. بۇ چەكسىز قۇدرەتكە باغلىنىش ئىشنىڭ مىقدارى ياكى كۆلىمى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى مەنە جەھەتتىن چەكسىز چوڭايتىدۇ. سۈرە راھماننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى بولغان «تَبَارَكَ اسْمُ رَبِّكَ ذِي الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ» (بۈيۈكلۈك ۋە كاتتىلىق ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى مۇبارەكتۇر) دېگەن ئايەت، دەل بۇ ھەقىقەتنى ئەڭ يارقىن شەكىلدە نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ «مۇبارەك» (بەرىكەتلىك) دەپ سۈپەتلىنىشى، شۇ ئىسىم بىلەن قىلىنغان كىچىك بىر ياخشىلىقنىڭمۇ بەرىكەتلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئۇنۇم ۋە نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مۆئمىن ئۈچۈن يولدىكى بىر تاشنى ئېلىۋېتىش ياكى بىر تال كۆچەت تىكىش قاتارلىق سىرتتىن قارىغاندا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنىدىغان ئىشلار، «بىسمىللاھ» نىڭ سىرلىق نۇرى بىلەن نۇرلانغاندا، مىزاندا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان كاتتا بىر ئەمەلگە ئايلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى (جالال) ۋە كەرەم سۈپىتى (ئىكرام) بىلەن بېزەلگەن بۇ ئىسىم، ئىنساننىڭ ھەر بىر تىرىشچانلىقىنى قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.

كىچىك ئىشلارغا سەل قاراشنىڭ خەۋپى ئىنسان تەربىيەسىدە، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارغا بولغان مۇئامىلىدە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىنسانغا بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەھمىيەت بېرىش —— تەربىيەنىڭ ئاساسىي شەرتىدۇر. بىر كىچىك بالىنىڭ قەلبى ئاپاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. بىز سەل قارىغان بىر ئېغىز قوپال سۆز، بىر قېتىملىق سوغۇق مۇئامىلە ياكى ئۇنىڭ كىچىككىنە سوئالىغا جاۋاب بەرمەسلىك، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆمۈرۋايەت ئۆچمەيدىغان جاراھەت قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئۇنىڭ كىچىككىنە تىرىشچانلىقىغا بېرىلگەن بىر قېتىملىق ئىلھام ياكى بىر قېتىملىق مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلاش، كەلگۈسىدىكى بىر بۈيۈك شەخسنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول ئېچىشى مۇمكىن. بالىنى «ئۇ تېخى بالا، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ» دەپ مەنسىتمەسلىك، ئەسلىدە بىر ئىنساننىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە ۋە كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ سۈپىتىگە سەل قارىغانلىقتۇر. باللار بىزنىڭ سۆزىمىزدىن كۆرە، كىچىك ھەرىكەتلىرىمىزدىن ئەخلاق ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، بالىلارغا بولغان مۇئامىلىمىزنى ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلارغىچە ئويلىشىپ، ئۇلارنىڭ مېڭە ۋە روھىي تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردە «كىچىك ئىشلار» ھېسسىيات كۆۋرۈكىنى مۇستەھكەملەيدىغان مىخلارغا ئوخشايدۇ. بىر ئېغىز يېقىشلىق سۆز، قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى كىچىك بىر ھەرىكەت ئارقىلىق قاندۇرۇش ياكى باشقىلارغا كۆرسىتىلگەن ئاددىي بىر ھۆرمەت جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىق ئاساسىنى قۇرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر چوڭ سوۋغاتلار ياكى داغدۇغىلىق مۇراسىملار بىلەنلا مېھرىبانلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئەڭ چوڭقۇر تەسىرنى كۆپىنچە ئەڭ ئاددىي ئىنچىكە نۇقتىلار قالدۇرىدۇ. قەلبلەر ئارىسىدىكى ئارىلىق يېقىن يىراق ئۆتۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىچىك كۆڭۈل بۆلۈشلەرنىڭ بار-يوقلۇقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ كىچىك ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرەلىگەن ۋە ئۆزىمىزنىڭ كىچىك خاتالىقلىرىنى تۈزىتەلەيدىغان يۈكسەكلىككە يەتكەندىلا، ئاندىن مۇكەممەل بىر ئىنسانىي ئەخلاقنى بەرپا قىلالايمىز.

خىزمەت ۋە كەسپىي ھاياتتا سۈپەتنى بەلگىلەيدىغان ئامىل ئادەتتە ماھارەتنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ماھارەتنىڭ قانداق بىر ئىنچىكىلىك بىلەن ئىجرا قىلىنىشىدۇر. «ھۈنەرۋەن روھى» دەپ ئاتالغان ئۇقۇم ئەسلىدە بىر ئىشنى نۇرغۇن قېتىم ئەڭ كىچىك تەپسىلاتىغىچە قايتا-قايتا مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدۇر. بىر پارچە يازمىدىكى تىنىش بەلگىسى، بىر مەھسۇلاتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى كىچىك بىر سىزىقچە ياكى خېرىدارغا بېرىلگەن سەممىي جاۋاب سىزنىڭ كەملىكىڭىزنى ۋە سۈپىتىڭىزنى جاكارلايدۇ. دۇنياۋى ماركىلار ۋە غەلىبە قىلغان كارخانىلار باشقىلار سەل قارىغان «زېرىكىشلىك» دەپ قارالغان ئىنچىكە نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قۇدرەت تاپقان. كىچىك ئىشلارغا سەل قارىماسلىق —— ئۆز كەسپىگە بولغان يۈكسەك ئېھتىرامنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاخىردا خۇلاسە ئورنىدا ئەسىرىمىنى ئەنگلىيەنىڭ كونا خەلق قوشاقلىرىدىن بىرى بولغان مۇنۇ داڭلىق ھېكمەت بىلەن تاماملىماقچىمەن:

بىر مىخ كەم بولغاچقا، بىر تاقا چۈشۈپ قالدى؛

بىر تاقا كەم بولغاچقا، بىر ئات ئاقساپ قالدى؛

بىر ئات ئاقساپ قالغاچقا، بىر چاپارمان بارالمىدى؛

بىر چاپارمان بارالمىغاچقا، بىر خەۋەر يېتىپ كەلمىدى؛

بىر خەۋەر يېتىپ كەلمىگەنلىكىدىن، بىر جەڭدە مەغلۇپ بولۇندى؛

بىر جەڭ مەغلۇپ بولۇنغانلىقىدىن، بىر پادىشاھلىق ۋەيران بولدى؛